# 43496 ـ بىر كىشىنىڭ بىلىنىڭ ئاستى تەرىپىدە قاتتىق ئاغرىق بار بولۇپ، بۇ، ئۇ كىشىنى توي قىلىشتىن چەكلەپ قويامدۇ؟

## سۇئال

مەن يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن ياش، ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن، ئايلىق كىرىمىم ۋە قىلىۋاتقان خىزمىتىم ياخشى، بىر يىلدىن بېرى بېلىمنىڭ ئاستى قاتتىق ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى، ئاتا–ئانام توي قىلىشىمنى خالايدۇ، لېكىن مەن تېڭىرقاپ قالدىم، مۇشۇ ھالەتتە توي قىلسام توغرا بولامدۇ؟ تۇرمۇش ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كىتەلەمەنمۇ؟ يول كۆرسىتىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت–سالاملىرى بولسۇن.

سىز ئالدى بىلەن دوختۇرغا كۆرۈنىشىڭىز كېرەك، ئەگەر سىزنىڭ كېسىلىڭىز پەرزەنتلىك بولىشىڭىزغا تەسىر كۆرسەتسە ياكى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن چەكلەپ قويىدىغان دەرىجىدە بولسا، كېسەللىك سەۋەبىدىن قىلىۋاتقان ھۈنەر–كەسىپ، خىزمىتىڭىزنى ئىلگىرىكىدەك ياخشى قىلالمىسىڭىز، بۇنداق ھالەتتە توي قىلماقچى بولغان قىز تەرەپكە ھەممە ئەھۋالىڭىزنى تولۇق بايان قىلىشىڭىز كېرەك، ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا توي قىلسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ئەھۋالىڭىزنى ئوچۇق بايان قىلماي توي قىلىشىڭىز ئۇلارنى ئالدىغانلىق بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئالدامچىلىق–ساختىپەزلىك قىلىدىكەن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس». [مۇسلىم رىۋايىتى 102–ھەدىس].

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان قاراش كۆچلۈك قاراشتۇر، چۈنكى نىكاھ–توي قىل شتىن ئىبارەت مەخسەت–غايىنى يوق قىلىۋېتىدىغان ھەر قانداق ئىش بولسا، بۇنى ئوچۇق بايان قىلىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر بۇنى دەسلەپتە يوشۇرۇپ كيىن ئاشكارا بولۇپ قالسا، بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى نىكاھنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىسپاتلايدىغان ئى اxش ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەر–ئايالنى بىر–بىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان، نىكاھ–توي قىلىشتىن مەقسەت قىلىنغان كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، ياخشى كۆرۈش قاتارلىق ئىشلار ھاسىل بولمىسا ئىككەيلەننىڭ ئايرىلىپ كېتىش ئىختىيارلىقى بولىدۇ". ["زادىل مىئاد"5–توم 166–بەت].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:" ساھابىلار ۋە ئىلگىركى سەلەپ ئالىملىرىنىڭ پەتىۋاسىنى ئويلانغاندا، تەپەككۇر

قىلغاندا، ئۇلارنىڭ نىكاھتىن ئايرىلىشنى پەقەت بىر ئەيىپكىلا خاس قىلمىغانلىقىنى بىلدۇ".

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساتقۇچىنىڭ مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ سېتىشىنى چەكلىدى، شۇنىڭدەك بۇنى بىلگەن كىشىنىڭمۇ سېتىۋالغۇچىدىن يوشۇرۇشىنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ نىكاھ ئىشلىرىدا ئەيىب يوشۇرۇش مۇمكىن بولىدۇ؟!. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا پاتىمە بىنت قەيس كېلىپ ئۆزىگە مۇئاۋىيە بىلەن ئەبۇ جەهىم ئىسىملىك ئىككى ساھابىنىڭ توي قىلىش تەكلىۋى قويغانلىقىنى، قايسىسى بىلەن توي قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىهەت سوراپ كەلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مۇئاۋىيە كەمبەغەل ئۇنىڭ هېچ نېمىسى يوق، ئەبۇ جەهىم كۆپ سەپەر قىلىدىغان ياكى ئاياللارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم، سىز ئۇسامە بىلەن توي قىلىڭ دېگەن». بۇ ھەدىستىن نىكاھ-توي ئىشلىرىدا ئەيىبنى بايان قىلىپ بېرىشنىڭ بەك مۇهىملىقى، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ ئالدامچىلىق ۋە هارام ئىكەنلىكى، ئالدامچىلىقنىڭ بەك نەپرەتلىنىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدە ئۇ كىشىنىڭ بوينىغا تاقاق بولۇپ سېلىنىدىغانلىقى ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ". ["زادىل مىئاد"5-توم 168-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەهىمەهۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "توغرا بولغىنى، نىكاھتىن بولغان مەقسەتنى يوق قىلىۋېتىدىغان هەر قانداق ئىش ئەيىب هېسابلىنىدۇ، هەقىقەتەن نىكاھتىن بولغان مۇهىم مەقسەتلەر: هۇزۇرلىنىش، بىر-بىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنى چەكلەپ قويىدىغان هەر قانداق ئىش ئەيىب هېسابلىنىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئەر-ئايال ئىككەيلەننىڭ قايسى بىرى تۇغماس بولسا بۇمۇ ئەيىب هېسابلىنىدۇ". ["شەرهىل مۇمتىئ"5-توم 274-بەت].

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.